# 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
# تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۆرتكە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

## سانجى ئەشيا ئوبوروتى كەسپىنىڭ ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇدى

«ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش»نى ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىرىنچى سېپىدە كۆرگەن ـ ئاڭلىغانلىرىمىز ⑯

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز گې يوۋجۈن ئىختىيارىي مۇخبىر ما شۇ

11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، سانجى شەھىرىگە جايلاشقان شىنجاڭ (سانجى) ئاسىيا ـ ياۋروپا خەلقئارا ئەشيا ئوبوروت باغچىسىدا، جۇڭتۇڭ تېز يەتكۈزۈش گۇرۇھى شىنجاڭ باشقۇرۇش مەركىزىنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلىرى ئەمدىلا يېتىپ كەلگەن تېز يوللانمىلارنى ئاپتوماتىك ئايرىش لىنىيەسىگە يەتكۈزدى، ئەقلىي ئىقتىدارلىق ئايرىش ئارقىلىق، تېز يوللانمىلار تېزدىن ئالدىن بەلگىلەنگەن ئورۇنغا يەتكۈزۈلدى.

«بۇ ئاپتوماتىك ئايرىش ئۈسكۈنىسىنى ئىشلەتكەندىن كېيىن، بىز ھەر كۈنى 600 مىڭ دانە تېز يوللانمىنى بىر تەرەپ قىلالايدىغان بولدۇق.» جۇڭتۇڭ تېز يەتكۈزۈش گۇرۇھى شىنجاڭ باشقۇرۇش مەركىزى تور باشقۇرۇش بۆلۈمىنىڭ دىرېكتورى جاڭ جېنجيەن مۇنداق تونۇشتۇردى: 2019 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، بۇ ئايرىش لىنىيەسى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئايرىش ئەمگەك كۈچى تەننەرخى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا يېرىمدىن كۆپرەك تۆۋەنلىدى، مەشغۇلات ئۈنۈمى تۆت ھەسسىدىن ئارتۇق ئاشتى.

««بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىنىڭ چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىلىشىغا ئەگىشىپ، ئەشيا ئوبوروتى كەسپىنىڭ باھارى باشلاندى» دېدى جاڭ جېنجيەن. جۇڭتۇڭ تېز يەتكۈزۈش گۇرۇھى شىنجاڭ باشقۇرۇش مەركىزى 2014 ـ يىلى ئەشيا ئوبوروتى باغچىسىغا ماكانلىشىپ، كەسپ كۆلىمى تېز ئاشتى. شىنجاڭنىڭ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرى بىلەن بولغان تېز يوللانمىلارنى يۆتكەپ توشۇش كەسپىنى سىجىل ئالغا سىلجىتىش بىلەن بىللە، جۇڭتۇڭ تېز يەتكۈزۈش گۇرۇھى شىنجاڭ رايونىنىڭ كەسپ يوشۇرۇن كۈچىنى چوڭقۇر قېزىپ، پۈتۈن شىنجاڭدا 200 تور نۇقتىسى قۇردى، تېز يەتكۈزۈش تورى پۈتۈن شىنجاڭدىكى 99% ناھىيە دەرىجىلىك رايوننى قاپلىدى. بۇنىڭدىن سىرت، يەنە تېز توشۇش، بۇلۇت ئامبار، سودا ۋە خەلقئارا يوللانما قاتارلىق كەسپلەرنى كېڭەيتتى. 2019 ـ يىلى بۇ شىركەتنىڭ شىنجاڭ تېز يەتكۈزۈش كەسپى بويىچە پورتقا كىرگەن ـ چىققان تېز يوللانما ئومۇمىي سانى 85 مىليون داندىن بۆسۈپ ئۆتتى، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 140 مىليون يۈەندىن بۆسۈپ ئۆتتى. بۇ يىل 1 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە، جۇڭتۇڭ تېز يەتكۈزۈش گۇرۇھىنىڭ شىنجاڭدا پورتقا كىرگۈزگەن يوللانمىسى 75 مىليون دانە بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 50% ئاشتى؛ پورتتىن چىقارغىنى 12 مىليون دانە بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 20% ئاشتى، يىغىنچاقلىغاندا بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 35% ئاشتى.

باغچە رايونىدىكى يەنە بىر كارخانا جۇڭجياڭ ئەشيا ئوبوروتى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «جۇڭجياڭ ئەشيا ئوبوروتى شىركىتى» دېيىلىدۇ) يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كۆچمە ئەقلىي ئىقتىدارلىق پەن ـ تېخنىكا، چوڭ سانلىق مەلۇمات تېخنىكىسى قاتارلىقلارنىڭ يوشۇرۇن كۈچىنى چوڭقۇر قېزىش ئارقىلىق، بۇلتۇر يىل ئاخىرىدا «جۇڭجياڭ سانلىق مەلۇمات ئالماشتۇرۇش مەركىزى» ئاقىل سۇپىسىنى بەرپا قىلىپ ھەم قوللىنىپ، ئاپتوموبىل بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش، تۆمۈريول ترانسپورتى ۋە تاموژنا نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ئامبارلىرىنى ئۇدۇللاشتۇرۇش، مالنى تەقسىملەپ يەتكۈزۈش قاتارلىق ھەرقايسى ھالقىلاردىكى ئۇچۇرلارنى دەل جايىدا ئالماشتۇرۇش، دەل جايىدا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئەسلىدە مۇرەككەپ بولغان ماللارنى سەپلەپ توشۇش ئىشلىرىنى تەرتىپلىك قىلىپ، ئەشيا ئوبوروتى ترانسپورتىنىڭ ئىشەنچلىك، قولايلىق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، كارخانىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشىغا ياخشى ئاساس سالدى. بۇ يىل 1 ـ ئايدىن 10 ـ ئايغىچە، جۇڭجياڭ ئەشيا ئوبوروتى شىركىتى 9 مىليون 700 مىڭ توننا يۈك توشۇدى، بۇ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 65% ئاشتى.

جۇڭجياڭ ئەشيا ئوبوروتى شىركىتىنىڭ ئۇچۇر باشقۇرۇش باش نازارەتچىسى لى سۇڭلىن مۇنداق دېدى: بۇ يىل 4 ـ ئايدا جۇڭگو تېلېگرافى سانجى شۆبە شىركىتى جۇڭجياڭ ئەشيا ئوبوروتى شىركىتى بىلەن 5G قۇرۇلۇش تۈرىنى ھەل قىلىش لايىھەسىنى بېكىتتى. بۇ تۈردە جۇڭجياڭ ئەشيا ئوبوروتى شىركىتىدە ھازىر بار بولغان تۆمۈريول يۈك مەيدانىنى باشقۇرۇش سىستېمىسى ئاساس قىلىنىپ، جۇڭجياڭ ئەشيا ئوبوروت باغچىسى ئۈلگە كۆرستىش نۇقتىسى قىلىنىپ، 5G ئۇچۇرلاشتۇرۇشنى قوللىنىش ئورنى كېڭەيتىلىپ، يۈك مەيدان مەشغۇلاتى ھەم ئاپتوموبىل بىلەن تەقسىملەپ يەتكۈزۈشنى باشقۇرۇش ئۈنۈمى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆستۈرۈلدۇ.

لى سۇڭلىن مۇنداق دېدى: جۇڭجياڭ ئەشيا ئوبوروتى شىركىتىنىڭ 3 ـ قارارلىق تۈرىمۇ پائال ئېلىپ بېرىلماقتا. شۇ چاغدا جۇڭجياڭ ئەشيا ئوبوروتى شىركىتى چوڭ سانلىق مەلۇمات، بۇلۇت ھېسابلاش، نەرسە تورى ئۇچۇر تىرىكى قىلىنغان زامانىۋى ئەشيا ئوبوروت سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقىپ، رايون ئەشيا ئوبوروتى كەسپىنىڭ سۈپەتنى ئاشۇرۇپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشىگە ھەر تەرەپلىمە تۆرتكە بولىدۇ.

سانجى شەھەرلىك سودا ۋە سانائەت ئۇچۇرلاشتۇرۇش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى دېڭ خۇيياڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: سانجى شەھىرى «بىر بەلباغ، بىر يول»نى ئورتاق قۇرۇش پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى سودا ئەشيا ئوبوروت مەركىزىنى پائال بەرپا قىلىپ، ئەشيا ئوبوروتى تۈگۈنى ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغا يۈزلەنگەن مۇھىم ئەشيا ئوبوروتى يىغىش ـ تارقىتىش بازىسىنى تىرىشىپ بەرپا قىلدى. نۆۋەتتە، شىنجاڭ (سانجى) ئاسىيا ـ ياۋروپا خەلقئارا ئەشيا ئوبوروت باغچىسىغا 28 كارخانا ماكانلاشتى. 2019 ـ يىلى سانجى شەھىرىنىڭ ئەشيا ئوبوروتى كەسپىدە ئىشقا ئاشۇرۇلغان قوشۇلما قىممەت 2 مىليارد 870 مىليون يۈەن بولدى. بۇ يىل كىرىپ ھازىرغا قەدەر، شىنجاڭ (سانجى) ئاسىيا ـ ياۋروپا خەلقئارا ئەشيا ئوبوروت باغچىسىنىڭ ئۇنىۋېرسال يۈك ئوبوروت مىقدارى 12 مىليون تونناغا يەتتى.

«يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنىڭ چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىلىشىغا ئەگىشىپ، بىز يەنە ئۆرۈمچى خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورت رايونى بىلەن بىرلەشمە توشۇشنى ماس تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تېزلىتىپ، پۈتۈن ھالقىلىق تەمىنلەش زەنجىرىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن سىڭىپ كىرىپ، سانجى شەھىرىنىڭ ‹بىر بەلباغ، بىر يول› لىنىيە بويىدىكى مۇھىم ئامىل بايلىقى ئىچىدىكى تەقسىملەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئەشيا ئوبوروتى كەسپىنىڭ تېخىمۇ ياخشى، تېخىمۇ تېز تەرەققىي قىلىشىغا تۆرتكە بولىمىز».

(بېشى 1 ـ بەتتە)

پۇچەك بولۇش نىسبىتى تۆۋەن، مېغىزى توق بولۇپ، دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ ياڭاقتىن قىلغان كىشى بېشى كىرىمى 4000 يۈەندىن ئاشتى. ھوسۇل ئېشىش، ئۈنۈم ئېشىشنىڭ ئارقىسىدا، ھۆكۈمەتنىڭ دېھقان ئائىلىلىرىنى ئىلمىيلاشقان تېرىقچىلىق قىلىش، تۇجۇپلەپ پەرۋىش قىلىشقا يېتەكلىشى ۋە ياردەم بېرىشى بار» دېدى قاغىلىق ناھىيەسى ساياغ يېزىسىنىڭ مۇئاۋىن يېزا باشلىقى ياڭ لىبو.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ ياڭاق ئۆستۈرۈش، پەرۋىش قىلىشى يىرىك تېپىتىن سۈپەت ـ ئۈنۈم تېپىغا، پەن ـ تېخنىكىدا يېڭىلىق ياراتىش تېپىغا ئۆزگەردى. پەن ـ تېخنىكىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئەمەلىي قوللىنىش كەڭ دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ ياڭاق كەسپىگە تايىنىپ كىرىمنى ئاشۇرۇپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىنى كۈچلۈك تىرەك بىلەن تەمىنلىدى.

قاغىلىق ناھىيەسى تېتىر يېزىسىدىكى ياڭاق ئۆستۈرۈش چوڭ ئائىلىسى ما شياۋبىن 2000 ـ يىلدىن باشلاپ ياڭاق ئۆستۈرگەن، شۇ چاغدا، ئۇمۇ كۆپ ساندىكى دېھقانلارغا ئوخشاشلا تېخنىكا بىلمىگەچكە، ياڭاق دەرىخىنى قويۇق ئۆستۈرگەن، نەتىجىدە، قۇياش نۇرى كەمچىل، چاڭلىنىش يېتەرلىك بولمىغاچقا، مو بېشى ھوسۇلى پەقەت نەچچە ئون كىلوگراملا بولغانىدى. بۇ بىرنەچچە يىلدا، قاغىلىق ناھىيەسى شاخلاشتۇرۇشنى تۈتۈشنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، ياڭاق زىچ ئۆستۈرۈلگەن باغلارنى ئۆزگەرتىشنى ئىلگىرى سۈردى؛ پۇتاشنى تۇتۇپ، ياڭاق دەرىخىنىڭ «شەكلىنى تۈزەش، شەكلىگە كەلتۈرۈش»نى ئىلگىرى سۈردى؛ ئۇلاشنى تۇتۇپ، ياڭاق سورتىنى ئۆزگەرتىپ ئەلالاشتۇرۇش قاتارلىق قۇرۇلۇشلارنى ئىلگىرى سۈردى. بۇ تېخنىكىلىق تەربىيەلەشلەردىن نەپ ئېلىپ، ما شياۋبىن پۈتۈن ناھىيەگە داڭلىق «ياڭاق جۇاڭيۈەنى»گە ئايلاندى، نۇرغۇن باغ ـ ئورمانچىلىق، تېرىقچىلىق ئائىلىلىرىدىكىلەر ئىلمىي تېرىقچىلىق قىلىدىغان «زىرەك ئادەم»گە ئايلاندى.

### ياڭاقنىڭ ھەممە يېرى گۆھەرگە ئايلاندى

قاغىلىق ناھىيەسى يېڭى سانائەت باغچە رايونىدىكى شىنجاڭ مېيجيا يېمەك ـ ئىچمەك چەكلىك شىركىتىنىڭ زاۋۇت ئۆيىدە ياڭاق مېغىزى، ياڭاق ئىچىملىكى ئىشلەپچىقىرىش لىنىيەلىرى تەرتىپلىك ئايلىنىۋاتاتتى. شىركەت خىزمەتچىسى دولقۇن ئەخمەت مۇنداق دېدى: «ئىلگىرى ياڭاقنىڭ مېغىزىنىلا يەيتۇق، ھازىر ياڭاق ياڭاق سۈتى، ياڭاق مېيى، ياڭاق ئىچىملىكى قاتارلىقلارغا ئايلىنىپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا سېتىلىدىغان بولدى».

قاغىلىق ناھىيەسىنىڭ ياڭاق ئۆستۈرۈش كۆلىمى 580 مىڭ مودىن كۆپ بولۇپ، يىللىق ئومۇمىي ھوسۇلى 130 مىڭ تونناغا يېتىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە، ياڭاق مەھسۇلاتلىرىنى تەتقىق قىلىپ ئېچىش، ئىشلەپچىقىرىش، سېتىشنى بىر گەۋدە قىلغان شىنجاڭ مېيجيا يېمەك ـ ئىچمەك چەكلىك شىركىتى يىلدا 40 مىڭ توننا ئەتراپىدا ياڭاق سېتىۋالىدۇ. بۇ شىركەتنىڭ باش مۇدىرى پېڭ خۇيجۈن مۇنداق تونۇشتۇردى: بۇنىڭدىن كېيىن، يەنە ياڭاق ئاقسىل تالقىنىدىن پولىپېپتىد ئىشلەيمىز، ياڭاق مېيىدىن يۇمشاق كاپسۇل ئىشلەيمىز، ياڭاق پاسلىدىن قاپلىق چاي ئىشلەيمىز، ياڭاق شاكىلىدىن ئاكتىپلاشقان كۆمۈر ئىشلەيمىز. ياڭاق كەسپ زەنجىرى ئۇزارغانسېرى ياڭاقنىڭ قوشۇمچە قىممىتى شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ، ياڭاق ئۆستۈرۈش ئائىلىلىرىنىڭ كىرىمىمۇ شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ.

«مۇشۇ يىللاردا ياڭاق بىلەن تەمىنلەش ئېھتىياجىدىن ئېشىپ كېتىشتەك زىددىيەت بىرقەدەر گەۋدىلىك بولدى، بۇ زىددىيەتنى ھەل قىلىشنىڭ ئۈنۈملۈك يولى دەل ياڭاقنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ياڭاق كەسپ زەنجىرىنى ئۇزارتىپ، سۈپىتى تېخىمۇ ئەلا، تۈرى تېخىمۇ كۆپ بولغان مەھسۇلاتلار بىلەن بازار ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتۇر» دېدى شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھى قاغىلىق ياڭاق سودا مەركىزىنىڭ باش دىرېكتورى فېي شىڭخۇا. مۇخبىرلار ياڭاق پىششىقلاش رايونىدا، ياڭاق مېغىزىدىن كۆپ خىل يېمەكلىك پىششىقلىنىپلا قالماستىن، ياڭاق شاكىلى، ياڭاق پوستىنىڭمۇ كېرەكسىز نەرسىدىن گۆھەرگە ئايلىنىپ، سانائەت مەھسۇلاتى قىلىپ پىششىقلانغانلىقىنى كۆردى.

ھازىر، قاغىلىق ناھىيەسى ناھىيەدە باشلامچى كارخانا بولغان، يېزا ـ بازارلاردا ئۆستۈرۈش بازىسى بولغان، كەنتلەردە ھەمكارلىق كوپېراتىپى بولغان ياڭاق كەسپى تەرەققىيات ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈردى.

### توردا، تور سىرتىدا تەڭ كۈچەيدى

بۇلتۇر قىشتا، ياڭاق توپ سېتىش سودا بازىرىنىڭ ئىشكى ئالدىدا قۇرۇلغانلىقىنى كۆرگەن قاغىلىق ناھىيەسى چارباغ بازىرى بەختەرىيا كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئابلىمت روزى بۇنىڭدىن سودا پۇرسىتىنى كۆرۈپ، دېھقان ۋاستىچى بولۇپ، باشقا يېزا ـ بازارلارغا بېرىپ ياڭاق سېتىۋالغاندىن كېيىن، سودا بازىرىغا ئېلىپ بېرىپ سېتىپ، ھەر كىلوگرام ياڭاقتىن 0.2 يۈەندىن 0.3 يۈەنگىچە پايدا ئالدى.

9 ـ ئايدا ياڭاق ئۈزۈش پەسلى كىرگەندە، شىنجاڭ ياڭاق (قاغىلىق) توپ سېتىش سودا بازىرى قايناپ كېتىدۇ، ياڭاق ساتىدىغانلاردىن شۇ جايدىكى ياڭاق ئۆستۈرۈش ئائىلىلىرى ۋە ۋاستىچىلەر بار، ياڭاق سېتىۋالىدىغانلاردىن شۇ جايدىكى كارخانىلار ۋە ئىچكىرى رايونلاردىكى سودىگەرلەر بار، ئەتراپتىكى نۇرغۇن دېھقان بۇ سودا پۇرسىتىنى سەزگۈرلۈك بىلەن تۇتۇپ، بەس ـ بەستە ترانسپورت، يېمەك ـ ئىچمەك قاتارلىق سودىلار بىلەن شۇغۇللاندى.

قاغىلىق ناھىيەسى قىزىل ئانار نانچىلىق كەسپلەر باغچىسىدا، ياڭاق مەھسۇلاتلىرىنىڭمۇ بىر كىشىلىك ئورنى بار، كەسپلەر باغچىسى ياڭاق نېنى پىششىقلاش ئۈچۈن بىر يىلدا 28 توننا ياڭاق مېغىزى ئىشلىتىدۇ. قاغىلىق ناھىيەسى ساياغ يېزىسى ساياغ كەنتىدىكى ياڭاق چىشىەن باغچىسىدا، ئادەتتە ساياھەتچىلەر ئۈزۈلمەيدۇ، ھەر يىلى يەنە داغدۇغىلىق ياڭاق ئۈزۈش بايرىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ...

قاغىلىق ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، سىياسىي كېڭەش پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى لياڭ يۈجۈن مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، قاغىلىق ناھىيەسى ئېلېكترونلۇق سودا سۇپىسى قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، ياڭاق ھەم ئۇنىڭدىن ئىنچىكە پىششىقلانغان مەھسۇلاتلارنى ئاساس قىلغان كۆپ مىقدارلىق يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ توردا سېتىلىشىغا تۆرتكە بولدى.

ھازىرغا قەدەر، قاغىلىقتىكى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى پىششىقلاش كارخانىلىرى شىنجاڭ سىرتىدا بىۋاستە سېتىش تور نۇقتىسىدىن بەشنى، ئېلېكترونلۇق سودا سۇپىسىدىن 16نى تەسىس قىلدى، يېزا دەرىجىلىك ئېلېكترونلۇق سودا مۇلازىمەت مەركىزىدىن بەشنى، ئېلېكترونلۇق سودا مۇلازىمەت تور نۇقتىسىدىن 20نى، كەنت دەرىجىلىك مۇلازىمەت تور نۇقتىسىدىن 130نى قۇردى.

توردا، تور سىرتىدا سېتىش سۇپىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى ياڭاقنىڭ سېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپلا قالماي، يەنە كۆپلىگەن كەنت ئاھالىلىرىنىڭ يېقىن ئەتراپتا، ئۆز جايىدا ئىشقا ئورۇنلىشىشىغا تۆرتكە بولۇپ، ئۇلارنىڭ كىرىمىنى مۇقىم ئاشۇردى.

(مۇخبىرلىرىمىز جاڭ جىلى، رايىدە، ۋاڭ جېن، ياڭ ۋېي)

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مارافون مۇسابىقىسى شىددەت بىلەن «كۆزگە كۆرۈندى»، دوستلار چەمبىرىكىدە ھەممەيلەن بەدەن چېنىقتۇرۇشنى كۆز ـ كۆز قىلدى، ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش تەدرىجىي ھالدا ئومۇمىي خەلق ئارىسىدا مودا بولغان ئەڭ جانلىق كارتىنىغا ئايلاندى.

ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە ئىدارىسى تەمىنلىگەن ئىستاتىستىكىلىق سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە، 2017 ـ يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا تۈرلۈك ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش پائالىيىتى 130 نەچچە مىڭ مەيدان قېتىم قانات يايدۇرۇلۇپ، پائالىيەتكە قاتناشقانلار سانى 9 مىليون ئادەم قېتىمغا يەتكەن؛ 2018 ـ يىلى 165 مىڭ مەيدان قېتىم قانات يايدۇرۇلۇپ، قاتناشقانلار سانى 15 مىليون 20 مىڭ ئادەم قېتىمغا يەتكەن؛ 2019 ـ يىلى 180 مىڭ مەيدان قېتىمغا يېقىن قانات يايدۇرۇلۇپ، قاتناشقانلار سانى 18 مىليون 500 مىڭ ئادەم قېتىمغا يەتكەن. بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغىچە، ئاپتونوم رايونىمىزدا ھەر ھەپتىدە بىر قېتىمدىن ئارتۇق تەنتەربىيە بىلەن چېنىقىشقا قاتنىشىدىغانلارنىڭ سانى 8 مىليون 500 مىڭغا، دائىم تەنتەربىيە بىلەن چېنىقىشقا قاتنىشىدىغانلارنىڭ سانى 8 مىليونغا يەتكەن.

بەدەن چېنىقتۇرۇش مەيدانلىرى بار بولدى، پۇقرالارنىڭ قىزغىنلىقى ئاشتى، ئىلمىي مەشىق قىلىش مۇھىمنىڭ مۇھىمى. «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، ئاپتونوم رايونىمىز جەمئىيەت تەنتەربىيە يېتەكچىلىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتتى. ئاپتونوم رايونلۇق تەنتەربىيە ئىدارىسى ئاممىۋى تەنتەربىيە باشقارمىسىنىڭ باشقارما باشلىقى جەي خۇڭفېي مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: ھازىرغا قەدەر، ئاپتونوم رايونىمىز دۆلەت دەرىجىلىك، 1 ـ دەرىجىلىك، 2 ـ دەرىجىلىك، 3 ـ دەرىجىلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر دەرىجىلىك، تۈرلۈك جەمئىيەت تەنتەربىيە يېتەكچىسىدىن جەمئىي 51 مىڭدىن ئارتۇق ئادەمنى تەربىيەلىدى. ئۇلار چوڭ تىپتىكى ئۇنىۋېرسال تەنھەرىكەت مەيدان ـ سارايلىرى، مەيدانلاردا كەسپىي بەدەن چېنىقتۇرۇشقا يېتەكچىلىك قىلىپلا قالماي، بەلكى يەنە يېزا ـ كەنت، مەھەللىلەردە جانلىنىپ، ھەر مىللەت ئاممىنى ئىلمىي بەدەن چېنىقتۇرۇش يېتەكچىلىكى بىلەن تەمىنلىدى، كەسپىي تەنتەربىيە ماھارىتى قاتارلىقلارنى ئۆگەتتى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىنلا شىركەتكە تاپشۇرساق بولىدۇ، 1600 يۈەندىن ئارتۇق پۇل تاپالايمىز!» پاتەمخان كۇلۇپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: مەن بىر يىلدا بەش ـ ئالتە تۇركۇم نەسىللىك توشقان بېقىپ، كىرىمىمنى 10 مىڭ يۈەن ئەتراپىدا ئاشۇرالايمەن.

پاتەمخان كەنتتىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئاھالە، كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى ۋە كەنت «ئىككى كومىتېت»نىڭ تەكلىپى بىلەن، ئۇ ئائىلىسىدە نەسىللىك توشقان بېقىشقا باشلىدى. دەسلەپتە تېخنىكىسى كەمچىل بولغاچقا، ياخشى باقالمىدى، ئۇ بىر مەھەل نەسىللىك توشقان بېقىش ئىشەنچىسىنى يوقىتىپ قويدى.

دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ بېقىشنى بىلمەسلىك، بېقىشقا جۈرئەت قىلالماسلىق مەسىلىسىگە قارىتا، شىنجاڭ باڭباڭتۇ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى «شىركەت + ھەمكارلىق كوپېراتىپى + نامرات ئائىلە» باقمىچىلىق ئەندىزىسىنى قوللاندى، شىركەت 1 مىليون دانە بۆجەنى ھەمكارلىق كوپېراتىپى ۋە دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ بېقىشىغا ھەقسىز بەردى ھەم تېخنىكا يېتەكچىلىكى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش قاتارلىق مۇلازىمەتلەر بىلەن ھەقسىز تەمىنلىدى. تاۋار توشقىنى كاتەكتىن چىقىرىلىش ئۆلچىمىگە يەتكەندىن كېيىن شىركەت قايتۇرۇپ سېتىۋالدى، ھەربىر تاۋار توشقىنىنىڭ ساپ پايدىسى سەككىز يۈەندىن يۇقىرى بولۇپ، باقمىچىلىق كەسپ زەنجىرىنى ئۇزارتىپلا قالماي، يەنە كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇردى.

شۇنداق بولۇپلا قالماستىن، يەنە بارغانسېرى كۆپ كەنت ئاھالىسى توشقان كەسپى ئارقىلىق ئىشچىغا ئايلىنىپ، ھەر ئايدا مۇقىم كىرىمى بار بولدى.

«خىزمەتچى»گە ئايلانغان رەيھانىساخان توختىقۇربان ئۆزىنىڭ يېڭى سالاھىيىتىنى بەكلا ياقتۇرىدۇ، ھازىر ئۇ ھەر كۈنى توشقان كاتىكىنى دېزىنفېكسىيەلەش، تازىلىق قىلىش، ۋاكسىنا ئەملەش ۋە بۆجەنلەرنى ئېمىتىش قاتارلىقلارغا مەسئۇل.

«ھازىر نەسىللىك توشقان بېقىش تېخنىكىسىنى ئىگىلەپلا قالماي، ھەر ئايدا يەنە مۇقىم كىرىمىم بار بولدى، ھەر كۈنى چۈشتە، كەچتە يەنە ئۆيگە قايتىپ باللىرىمنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالايمەن، ھەقىقەتەن بىر ئىشتىن ئۈچ ئۈنۈم ئېلىۋاتىمەن» دېدى رەيھانىساخان خۇشال ھالدا.

### ئانار دەرىخى مول مېۋە بەردى

«بۇ يىل ئائىلىمىز ھەر مو يەردىكى ئانارىدىن 700 كىلوگرامدىن ئارتۇق ھوسۇل ئالدى، بۇ، بۇلتۇرقىدىن 200 كىلوگرامدىن ئارتۇق كۆپ بولدى، ھەر مو يەردىن قىلىدىغان كىرىمىمىزمۇ خېلى ئاشتى.» 11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، ھوسۇلنى تىلغا ئالغاندا، كەنت ئاھالىسى مەمەتئابدۇللا توختىسۇلايماننىڭ خۇشاللىقتىن ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى.

باش ئۆزمە كەنتى چىرا ناھىيەسىنىڭ ئاساسلىق ئانار چىقىدىغان رايونلىرىنىڭ بىرى، بۇ يەردىن چىقىدىغان ئانارنىڭ پوستى نېپىز، قەنت تەركىبى يۇقىرى، ئۇرۇقى زىچ، رەڭگى قىپقىزىل بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئىستېمالچىلارنىڭ ياقتۇرۇشىغا ئېرىشكەن. لېكىن كەنت ئاھالىلىرىنىڭ پەرۋىشى يىرىك بولغانلىقتىن، ئانارنىڭ ھوسۇلى تۆۋەن، كىرىم ئاز بولۇشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

«كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئۆستۈرۈش تېخنىكىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن، بىز مەخسۇس تېخنىكلارنى تەكلىپ قىلىپ تەربىيەلەش كۇرسى ئاچتۇق، يەنە كەنت ئاھالىلىرىنى گۇما ناھىيەسىدىكى ئانارلىق باغنى ئېكسكۇرسىيە قىلىپ ئۆگىنىشكە تەشكىللىدۇق» دېدى دۆلەت ئېلېكتر تورى شىنجاڭ ئېلېكتر چەكلىك شىركىتىدىن باش ئۆزمە كەنتىدە تۇرۇشلۇق 1 ـ شۇجى لى لۇمىن.

بۇ كۈنكى كۈندە، كەنتتىكى ھەممە ئائىلە ئانار كۆچىتى تىكتى، ئانار كۆچىتى تىكىلگەن كۆلەم 1200 موغا يەتتى، ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 5 مىليون يۈەنگە يېقىنلىشىدۇ.

«ھەر قېتىمقى پىشىش مەزگىلى يېتىپ كەلگەندە، كەنتتىكى ئانار ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدۇ، نۇرغۇن سودىگەر كەنتكە كېلىپ تالىشىپ سېتىۋېلىپ، كورلا، ئاقسۇ ھەمدە ئىچكىرى رايونلاردىكى بىر قىسىم شەھەرلەرگە ساتىدۇ. كېيىنكى قەدەمدە بىز ئانارنى چوڭقۇر پىششىقلاش كەسپىنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئانار كەسپىنى زورايتىمىز، كۈچەيتىمىز» دېدى لى لۇمىن.

### يېزا ـ كەنت ساياھىتى كىرىمنىڭ ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈردى

باش ئۆزمە كەنتى چىرا ناھىيەسىدىكى قۇم دېڭىزى زۇمرەتكۆل مەنزىرە رايونىغا يېقىن، بۇ رايون ئەۋزەللىكىدىن پايدىلىنىپ، بۇ كەنت دېھقانلار ئارامگاھىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇردى.

كەنت ئاھالىسى مەمتىمىن تۇردىمەمەت شۇ جاينىڭ ياخشى سىياستىدىن پايدىلىنىپ، دېھقانلار ئارامگاھى ئېچىپ، بېيىش يولىغا ماڭدى. ئۇ مۇنداق دېدى: «مەن ئىزچىل بىر دېھقانلار ئارامگاھى ئېچىشنى ئويلاپ كەلگەنىدىم، لېكىن مەبلەغ كەمچىل ئىدى. كەنتتە تۇرۇشلۇق خىزمەت ئەترىتى بىلگەندىن كېيىن، مېنىڭ تۆۋەن مەبلەغ ئىلتىماس قىلىپ دېھقانلار ئارامگاھى ئېچىشىمغا ياردەم بەردى، ھازىر مېنىڭ بۇ دېھقانلار ئارامگاھىمنىڭ داڭقى يىراق ـ يېقىنغا تارقالدى، بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرى، ساياھەت يۇقىرى پەللىسى مەزگىلى يېتىپ كەلگەندە نۇرغۇن ساياھەتچى داڭقىمىزنى ئاڭلاپ كېلىدۇ، بىر ئايلىق تىجارەت سوممىسى 8000 يۈەن ئەتراپىغا يېتىدۇ».

«كەنتىمىزنىڭ دېھقانلار ئارامگاھىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئەۋزەللىكى بار، بىز مەبلەغ توپلاپ، نامرات ئائىلىلەرنىڭ دېھقانلار ئارامگاھى قۇرۇشىغا ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ كىرىمنى ئاشۇردۇق، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە بۇ كەنتنىڭ ئانار، ياڭاق قاتارلىق يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ سېتىلىشىغا تۆرتكە بولدۇق.» لى لۇمىن مۇنداق دېدى: نۆۋەتتە كەنتتە ئۈچ دېھقانلار ئارامگاھى بار بولۇپ، ئون ئادەمنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى ھەل قىلىندى.

باش ئۆزمە كەنتى يەنە ئانارنى چۆرىدەپ باش قاتۇرۇپ، كۆكلۈل ئېچىش، ئىستىراھەت، تاماشا قىلىش، ئۈزۈش قاتارلىقلار بىر گەۋدە قىلىنغان دېھقانلار ئائىلىسى ساياھەت ئېكسكۇرسىيە مەنزىرە نۇقتىلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەر يىلى چىرا ناھىيەسىنىڭ «ئانار گۈلى» ساياھەت بايرىمىدىن پايدىلىنىپ، كەنتتىكى دېھقانلار ئارامگاھىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، مېھمانلارنى بۇ يەرگە كېلىپ ئىستېمال قىلىشقا جەلپ قىلدى.

«بىز ‹چىرا ئانىرى›دىن ئىبارەت بۇ سۈپەتلىك ماركىدىن پايدىلىنىپ، ئانارگۈلى خاس كەنت ـ بازىرىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن بەرپا قىلىپ، دېھقانلار ئارامگاھى تىجارىتىنى باشقۇرۇش ۋە خاس ساياھەت كەسپىنى ئېچىشنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى قىلىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ كىرىمىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇشقا ياردەم بېرىمىز» دېدى لى لۇمىن.